# 99507 - سپېرما، مەزى ۋە نەملىكنىڭ ئارىسىدىكى پەرق توغرىسىدا

## سوئال

ئاياللاردىن قانداق ۋاقىتتا يۇيۇنۇش زۆرۈر بولىدىغان سپېرما چىقىدۇ ۋە قانداق ۋاقىتتا تەرەت ئېلىش كېرەك بولىدىغان ئاجراتمىلار چىقىدۇ بۇنى بىلمەيمەن، كۆپ قېتىم بۇنى بىلىشكە ئۇرۇنغان بولساممۇ، بۇ مەسىلىگە ئېنىقكە جاۋاپ بېرىدىغان بىرەر كىشىنى تاپالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئاجراتمىلارنى يۇيۇنۇش كېرەك بولمايدىغان، تەرەت ئېلىشلا كېرەك بولىدىغان ئادەتتىكى نەملىك دەپ قاراپ، جىنسى مۇناسىۋەتتىن كېيىنلا يۇيۇنىدىغان، باشقا ۋاقىتتا يۇيۇنمايدىغان بولدۇم، ماڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاياللاردىن چىقىدىغان سۇيۇقلۇقلار؛ سپېرما ياكى مەزى ۋەياكى ئادەتتىكى ئاجرالما (نەملىك) چىقىدۇ. بۇ ئۈچ تۈرلۈك نەرسىنىڭ ئايرىم سۈپەتلىرى ۋە ئايرىم ھۆكۈملىرى بولىدۇ.

سپېرمىنىڭ سۈپەتلىرى:

1-سۇيۇق سېرىقتا مايىل رەڭلىك بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە بېكىتىلگەن سپېرمىنىڭ سۈپىتىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئەر كىشىنىڭ سپېرمىسى قويۇق ئاپپاق بولىدۇ، ئايالنىڭ سپېرمىسسۇيۇق سېرىق رەڭدە بولىدۇ.»** [مۇسلىم رىۋايىتى 311-نومۇرلۇق ھەدىس].

بەزى ئاياللاردىن سپېرما ئاق رەڭدە كېلىدۇ.

2-سپېرمىنىڭ پۇرىقى بۇغداي خېمىرىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

3-سپېرما چىققاندا بىر خىل لەززەت ھاسىل بولىدۇ. سپېرما چىقىپ بولغاندىن كېيىن شەھۋەت ئاجىزلىشىدۇ.

سپېرما بولۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك سۈپەتنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇق بولىشى شەرت قىلىنمايدۇ بەلكى ئۇ سۈپەتلەردىن بىرى تېپىلسا ئۇ سپېرما دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇئ" ناملىق ئەسەر 2-توم 141-بەتتە مۇشۇنداق دېگەن.

مەزي بولسا سۇيۇق شىلىمشىق ئاق سۇ بولۇپ، پىكىر قىلىش ياكى باشقا يوللار بىلەن شەھۋەت پەيدا بولغاندا چىقىدۇ، مەزي چىققاندا لەززەت ھاسىل بولمايدۇ، مەزي چىقىپ بولغاندىن كېيىن شەھۋەت ئاجىزلاشمايدۇ.

نەملىك بولسا، ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدىن چېقىدىغان ئاجرالما بولۇپ، بەزى ۋاقىتتا بۇنىڭ چىققانلىقىنى ئايال تۇيمايدۇ، بۇنىڭ ئاز-كۆپ چىقىشىدا ئاياللار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

سپېرما، مەزي ۋە نەملىك قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى ھۆكۈمدىكى پەرقى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

سپېرما پاكىزە بولۇپ، ئۇنى كىيىمدىن يۇيۇۋېتىش كېرەك ئەمەس، سپېرما چىققاندىن كېيىن يۇيۇنۇش كېرەك بولىدۇ. سپېرما ئۇخلىغان ھالەتتە چىقسۇن ياكى ئويغاق ھالەتتە چىقسۇن، جىنسى مۇناسىۋەت ياكى ئىھتىلام بولۇش سەۋەبى بىلەن چىقسۇن ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن چىقسۇن ھۆكمى ئوخشاش. (يەنى غۇسلى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

مەزي نىجىس (پاسكىنا) بولۇپ، بەدەنگە يۇقۇپ قالسا شۇ يەرنى يۇيىمىز، كىيىمگە يۇقۇپ قالسا سۇ چېچىپ پاكىزلايمىز، مەزي چىقسا تەرەت سۇنىدۇ، يۇيۇنۇش كېرەك بولمايدۇ.

نەملىك (ئاجرالما) پاكىزە بولۇپ، ئۇنى يۇيۇۋېتىش كېرەك بولمايدۇ، كىيىمگە يۇقۇپ قالسا كىيىمنىمۇ يۇيۇش كېرەك بولمايدۇ، لېكىن تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، ئەگەر نەملىك توختىماي داۋاملاشسا ئۇ ۋاقىتتا نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن ھەر نامازغا ئايرىم تاھارەت ئالىدۇ، تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن نەملىك چىقسا بۇنىڭ زىيىنى بولمايدۇ.

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 50404 - نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.